يالغانچىنىڭ ئەتىسى تۈگىمەس        (ئۇيغۇر خەلق ماقالى)

**كۆنۈكمە**

1- تۆۋەندىكى پېئىللارنى ئۆتكەن زامان تەكرار خەۋەر رايىنىڭ بولۇشلۇق، بولۇشسىز، سوئال شەكىللىرى بىلەن تۈرلەپ چىقىڭ.
سەز - ، بەلگىلە، ۋەيران بول - ، ياساندۇر، ئۆچ - ، دۈپۈلدە - ، بېغىشلا، نەزەر تاشلا -

2- تۆۋەندە بېرىلگەن جۈملىلەردىكى تىرناق ئىچىنى مۇۋاپىق باغلامچى پېئىل بىلەن تولدۇرۇڭ.

①مېنىڭ تاغام بۇرۇن ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مەكتەپ مۇدىرى (      ).

②ئىشخانا مۇدىرىمىزنى ماختاپ قويسا، خوشال بولۇپ تېرىسىگە سىغمايلا قالىدىغان ئاجايىپ بىر ئادەم (      ).

③ئۈلۈشكۈن ئاخشام مەن ئۆيدە يوق (      ).

④ئۆتكەن جۈمە سەن خىزمەت ئورنۇڭدا (      ).

⑤ۋارىسجاننىڭ بېشىدا بېغىر رەڭ مانچىستىر دوپپا، ئۇچىسىدا كۆپ رەڭلىك ئەستەرلىك شىم – چاپان، پۇتىدا غۇلجا خۇرۇمىدىن تىكىلگەن ئىسكەتلىك ئۆتۈك بار (      ).

3- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى تۈركچىگە تەرجىمە قىلىڭ.

①گۇندىپاي كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، بېشىنى تۆۋەن سالدى، تاشۋاي بېشىنى چاڭگاللاپ يىغلاپ تاشلىدى.

②مەن ئۆز – ئۆزۈمدىن جىلە بولغان ھالدا بۇلاق بېشىغا كەلدىم. بۇ بۇلاق ئېگىز ئېتىز قىرىنىڭ تۆۋىنىدە بولغاچقا، يېزا تەرەپتىن قارىغاندا، بۇ يەر كۆرۈنمەيتتى.

③ئوتنىڭ يالقۇنى تاملارنى ۋە ئەتراپنى يورۇتماقتا. تۈتۈنلەر بۇرۇقتۇرما بولۇپ ئۆيلەرنى قاپلىماقتا ۋە قىزىل يوللۇق قارا رەختەك يەلپۈنۈپ ئاسمانغا ئۆرلىمەكتە ئىدى.

④خاسىيەتنىڭ ياردىمى تاماق جەھەتتىنلا ئەمەس، ۋاقىت جەھەتتىنمۇ بىرمۇنچە ئوڭايلىقلارنى يارىتىپ بەردى.

⑤ئۇ چاغدا ئۇلار ئاغزىدىن بىرەر يات سۆز چىقىپ كەتكەن ئادەمنى ھايت – ھۇيت دېگۈچە تۇرمىگە تاشلايتتى.

⑥قىزلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى ئەركىننىڭ كۆزىگە شىرىنگۈلدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. چۈنكى، بۇرۇن شىرىنگۈل چېچىنى چوققىسىغا تۈرمەكلىۋالاتتى.

⑦ھەيۋەتلىك تاغ تىزمىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى كىچىكرەك بىر تۈزلەڭلىككە ھەشەمەتلىك ساراي سېلىنغان، سارايىنىڭ ئالدىدا چوڭ باغ بار ئىدى.

⑧ئۆز ۋاقتىدا نۇردۇن مېنى قۇتقۇزۇپ قالمىغان بولسا، مەن تۈگىشەتتىم.

⑨باغدا تۈمەن – تۈرلۈك گۈللەر ئېچىلىپ تۇرغان، بارلىق ئېسىل قۇشلار

2) ئۆتكەن زامان تەكرار خەۋەر رايى تۆۋەندىكى قوشۇمچىلار بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

| سان / شەخس | | بىرلىك | كۆپلۈك |
|---|---|---|---|
| I-شەخس | | -ەتتىم، - اتتىم، يتتىم | -ەتتۇق، اتتۇق،-يتتۇق |
| II-شەخس | ئاددى تۈرى | - ەتتىڭ، -اتتىڭ، يتتىڭ | - ەتتىڭلار، - اتتىڭلار، -يتتىڭلار |
| | سىپايە تۈرى | -ەتتىڭىز، -اتتىڭىز، -يتتىڭىز | |
| III-شەخس | | - ەتتى، - ئاتتى، - يتتى | |

مەسىلەن:

كۆر + ەتتىم ← كۆرەتتىم
كەت + ەتتىڭ ← كېتەتتىڭ
تۈگەش + اتتىڭىز ← تۈگىشەتتىڭىز
كۆرسەت+ اتتى ← كۆرسىتەتتى
ئۇلا + يتتۇق ← ئۇلايتتۇق
ئاڭلا +يتتىڭلار ← ئاڭلايتتىڭلار

ئۆتكەن زامان خەۋەر رايىنىڭ سوئال شەكلى، مەسىلەن:

كېتەتتىڭمۇ +مۇ ← كېتەتتىڭمۇ
باراتتۇق + مۇ ← باراتتۇقمۇ
بىلمەيتتىڭلار + مۇ ← بىلمەيتتىڭلارمۇ
يازمايتتى +مۇ ← يازمايتتىمۇ

ئۆتكەن زامان خەۋەر رايىنىڭ سوئال شەكلىنىڭ يەنە بىر شەكلى مۇنداق ئىپادىلىنىدۇ، مەسىلەن:

كەت + ەم + تىڭ ← كېتەمتىم
كەت + ەم + تىڭ ← كېتەمتىڭ
بار + ام + تۇق ← باراتتۇقمۇ
ئوقۇ + م + تىڭىز ← ئوقۇمتىڭىز
بىلە + م + تىڭلار← بىلەمتىڭلار
يازما + م + تى ← يازمامتى

ئۆزگىرىشكە ئۇچرىشى نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان;«-ۋال، ىۋال، -ۇۋال، -ۈۋال» بولسا، تۈس ياردەمچىسى «ئال -» رەۋىشداش بىلەن قوشۇلۇپ، فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشكە ئۇچرىشى نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان.

باغلامچى پېئىل – تۇرغۇن سۆزلەرگە ۋە شەخسسىز پېئىللارغا (پېئىلنىڭ تۇرغۇن سۆز شەكىللىرى)غا قوشۇلۇپ، ئۇلارنى پېئىلغا خاس گراماتىكىلىق شەكىللەر بىلەن باغلايدىغان ياردەمچى پېئىل.

باغلامچى پېئىللار تۇغۇن سۆزلەر ھەم پېئىلنىڭ تۇرغۇن سۆز شەكىللىرى بىلەن بىرىكىپ، بۇ خىل تۇرغۇن سۆزلەرنى پېئىلنىڭ راي شەكىللىرى بىلەن بىرىكىپ، بۇ خىل تۇرغۇن سۆزلەرنى پېئىلنىڭ راي ۋە شەخس، سان كاتېگورىيىلىرى بىلەن تۈرلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا «بول-، قىل-، تۇر-، كەل-، چىق -، ھېسابلا -، ئوخشا -، دە-» پېئىللىرى بەلگىلىك شارائىتتا باغلامچى پېئىل رولىدا كېلىدۇ; ئۇنىڭدىن باشقا مۇئەييەن گراماتىكىلىق شەكىلدە تۇراقلىشىپ قالغان « ئىدى، ئىكەن، ئىمىش، ئەمەس، - دۇر، -تۇر» قاتارلىقلارمۇ باغلامچى پېئىللاردۇر.

مەسىلەن:

تۆمۈر ئاغرىپ قالدى.

مېنىڭ سائىتىم توختاپ قالدى.

تۈنۈگۈن كوچىدا كونا بىر دوستۇمنى كۆرۈپ قالدىم.

ئۇ چاغدا دادام ئىشچى ئىدى، مەن تېخى كىچىك ئىدىم.

سىز دوختۇر ئىدىڭىزمۇ \ سىز دوختۇرمىدىڭىز؟

ئۇلار دوختور ئىدىمۇ؟ \ ئۇلار دوختۇرمىدى؟

**2- پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان خەۋەر رايى**

ھەرىكەتنىڭ سۆز قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتىن بۇرۇن ئەمەلگە ئاشقان ياكى ئاشمىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان پېئىل شەكلى ئۆتكەن زامان خەۋەر رايى، دەپ ئاتىلىدۇ.

1) ئۆتكەن زامان تەكرار خەۋەر رايى

ھەرىكەتنىڭ سۆز قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتىن بۇرۇن تەكرار ئەمەلگە ئاشقان ياكى ئاشمىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان پېئىل شەكلىدۇر. مەسىلەن:

ئۇنىڭ غەزەپكە تولغان كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ تۇراتتى.

قېلىن ياغقان قاردىن كېيىن، ھاۋا شۇنداق سوۋۇپ كەتتى، ئېغىزدىن چىققان تۈكۈرۈك يەرگە چۈشكىچە توڭلاپ قېتىپ قالاتتى.

تۈنۈگۈن بوغدا كۆلىنى ساياھەت قىلغىلى باراتتۇق، يامغۇر يېغىپ قالدى، بارالمىدۇق.